# 34761 ـ زۇلھەججىنىڭ ئون بىرىنچى كۈنىدە ئالدىراقسانلىقتىن يۈز بېرىدىغان بەزى خاتالىقلار

**سوئال**

زۇلھەججىنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى ئالدىراپ، تاش ئاتماي ۋە ۋىدا تاۋاپىمۇ قىلماي قايتىپ كەتكەن كىشىنىڭ ھەججى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ھەججى توغرا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەجنىڭ پەرزلىرىنى تەرك قىلمىدى، لېكىن ئۇ ئون ئىككىنچى كېچىسى مىنادا قونماسلىق بىلەن ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىدىن ئۈچنى تەرك قىلدى.

بىرىنچىسى: ئون ئىككىنچى كېچىسى مىنادا قونۇش.

ئىككىنچىسى: ئون ئىككىنچى كۈنى شەيتانلارغا تاش ئېتىش.

ئۈچىنچى: ۋىدا تاۋاپى.

ئۇ كىشى تەرك قىلغان ھەر بىر ۋاجىپ ئۈچۈن بىردىن قوي ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى مەككىدىكى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشى كېرەك. ["ئىسلام ئاساسلىرى پەتىۋاسى" 566– بەت].

ھەرقانداق كىشى ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرنى تەرك قىلىدىكەن، ئۇ كىشىگە قان ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇنى مەككىدە ئۆلتۈرۈپ شۇ يەردىكى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.